# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 6 - بەتتە)

مەخسۇس زايومنى مۇناسىپ نىسبەت بويىچە مۇھىم، زور تۈرلەر دەسمايىسى قىلىپ ئىشلىتىش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ ھەمكارلىقىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە ئاممىۋى ئىشلار قاتارلىق ساھەلەردىكى چەكلىمىنى يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىمىز.

ئىستېمالنى قايتا تولۇقلاپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى پائال ئىلگىرى سۈرىمىز. ساياھەت ئىستېمالىنىڭ ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىشىنى تېزلىتىپ، ساياھەت ئىستېمالىنى زورايتىمىز. ئاپتوموبىل ئىستېمالى مەخسۇس مۇكاپاتىنى يولغا قويۇپ، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل ئىستېمالىغا ئىلھام بېرىپ، ئاپتوموبىل ئىستېمالىنى سىجىل كېڭەيتىمىز. «ئالاقە تورى+» ئىستېمال ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تور ۋە تور سىرتىدىكى ئىستېمالنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىچە ئىستېمالنى سىجىل كېڭەيتىمىز. يېزىلارنىڭ بازار سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسىنىڭ ئومۇملىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سانائەت بۇيۇملىرىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شەھەرلەرگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك ئوبوروتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەر - يېزا ئىستېمالىنى سىجىل كېڭەيتىمىز. ئاممىۋى ئىستېمالنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ، ئىستېمال تەمىناتىنى ياخشىلاپ، كېچىلىك ئىقتىساد ۋە كونا مال بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «توردا بىۋاسىتە مال تونۇشتۇرۇش»نى قېلىپلاشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىستېمال كۆزلىمىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىستېمال ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىستېمالنىڭ قايتا جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

**4) يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىمىز**

«بىر پورت» «ئىككى رايون» «بەش چوڭ مەركەز» «پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىمىز. ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق پورت تىپىدىكى دۆلەت ئەشيا ئوبوروت تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، ئالاتاۋ پورت تىپىدىكى دۆلەت ئەشيا ئوبوروت تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزى ئۈلگىلىك قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىمىز. مەركەزنىڭ قورغاس، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىغا بەرگەن ئالاھىدە ئېتىبار سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى پىششىقلاش بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پىششىقلاش سودىسى ۋە مۇلازىمەت سودىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ توپلانما تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز. سودا ئەشيا ئوبوروت مەركىزى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ (قەشقەر) دۆلەت رايون داۋالاش مەركىزى، دۆلەت بالىلار رايون داۋالاش مەركىزى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسال دورا كەسىپلەر رايونى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، ئۈلگىلىك، بەلگە خاراكتېرلىك نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىمىز. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز. 17 قۇرۇقلۇق پورتىنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئۆزگىچە ئىمپورت - ئېكسپورت بايلىقلىرىنى پىششىقلاش رايونلىرىنى تېز قۇرىمىز.

ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز. خېرىدار چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك دۆلەت دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونلىرى (باغچە رايونلىرى)نىڭ شەرقىي قىسمىدىن يۆتكەلگەن كەسىپلەرنى پائال قوبۇل قىلىشنى قوللايمىز. «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر قاتنىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قاتارلىق ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇنەۋۋەر كارخانىلارنىڭ «سىرتقا چىقىش»ىغا ئىلھام بېرىپ، چېگرا سىرتىدىكى ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق باغچە رايونى، چېگرا (چېگرا ھالقىغان) ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتتە، 2021 - يىللىق (جۇڭگو) ئاسىيا - ياۋروپا تاۋار سودا كۆرگەزمىسىنى ياخشى ئۆتكۈزىمىز. چۆچەك نۇقتىلىق ئېچىش - ئېچىۋېتىش سىناق رايونىنى پىلانلاش، قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭگو (شىنجاڭ) ئەركىن سودا سىناق رايونى، جۇڭگو (ئالاتاۋ، قورغاس، قەشقەر) چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى تەسىس قىلىشقا تۈرتكە بولىمىز.

شىنجاڭغا كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرىمىز. شىنجاڭغا كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، پەرقلىق سىياسەتتىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىمىز، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن كەسىپ تەرەققىياتى بويىچە ھەمكارلىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، شەرقىي، ئوتتۇرا رايونلاردىن ئۆمەك شەكلى، زەنجىرسىمان شەكىل، توپلىشىش شەكلىدە يۆتكەلگەن كەسىپلەرنى يۇقىرى سۈپەتتە قوبۇل قىلىپ، كەسىپلەرنى يۆتكەش بويىچە ئۈلگىلىك باغچە رايونى قۇرىمىز. مەركەز كارخانىلىرى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى كارخانىلار بىلەن بولغان ئىقتىساد - تېخنىكا ئالاقىسى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىمىز، مەركەز كارخانىلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى كارخانىلارنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ سېلىش، پاي تىزگىنلەش، پاي قوشۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىغا قاتنىشىشى، شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىمىز، ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭدا رايون ھالقىپ «چاچما باغچە رايونى» قۇرۇشىغا مەدەت بېرىمىز.

**5) نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىمىز**

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيمىز ۋە كېڭەيتىمىز. «تۆتنى ئېلىپ تاشلىماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىرقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش سىياسىتى، مەبلەغ مەددىتى، ياردەم بېرىش كۈچىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلايمىز. قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ھەرىكەتچان كۆزىتىش، سىگنال بېرىش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىگە مۇقىم ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەيمىز. كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلارنى كۆچۈرگەندىن كېيىنكى يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتە «سەككىز جىپسىلاشتۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاشتىن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا قاراپ سىلىق ئۆتۈشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرىمىز. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا - كەنتلەردە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا تۈرتكە بولىمىز، يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز، شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىمىز، يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىمىز.

يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى يولغا قويىمىز. يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇشنى تېزلىتىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ سۇ، توك، يول، گاز، خەۋەرلىشىش، رادىيو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يەرنى مۇۋاپىق كۆلەمدە باشقۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى يەرلەرنىڭ «تارقاق بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز. ئۇچۇرنى كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىمىز. يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىمىز، يېزىلاردىكى ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىشنى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئالغا سىلجىتىمىز، يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، تۇرمۇش يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش، كەنت قىياپىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىمىز، تىرىشىپ بىر تۈركۈم ئۆزگىچە يېزا - بازار، ئولتۇراقلىشىشقا ماس كېلىدىغان ئۆزگىچە كەنت بەرپا قىلىپ، يېقىملىق سەھرا ناخشىلىرىنى، گۈزەل يېزا - كەنتلەرنى شىنجاڭنىڭ يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندۇرىمىز.

يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. ئىككىنچى قېتىملىق يەر ھۆددىگەرلىك قەرەلى توشقاندىن كېيىن، يەنە 30 يىل ئۇزارتىش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ھۆددە يەرنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، تىزىملاش، كىنىشكا بېرىش نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىمىز. مەڭگۈلۈك ئاساسىي ئېتىزنى قوغداش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پۇختا، سالماقلىق بىلەن ئالغا سىلجىتىمىز. پاختىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك نىشانلىق باھا ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولىمىز. يېزا ئىگىلىك سۇ باھاسى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. يېزا پۇل مۇئامىلىسى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز.

يېڭىچە كەسپىي دېھقانلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى دېھقان - چارۋىچىلارنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە ئەمگەك ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، كەسپىي دېھقانلارنىڭ ئۈنۈمىنى باھالاش سىنىقىنى پائال قانات يايدۇرىمىز، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭىچە كەسپىي دېھقانلارنى شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي كاپالەتكە قاتنىشىشقا تەرتىپلىك يېتەكلەيمىز. يېزىلاردا يەرلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئەسقاتىدىغان كەسپىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، كەسىپ تەرەققىيات باشلامچىلىرى ۋە دېھقان ئائىلىلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىمىز. ئىختىساسلىقلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ ئىشلەش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، شەھەرلەردىكى ئىختىساسلىقلار ۋە سودا - سانائەت كاپىتالىنى يېزىلارغا يۈزلىنىشكە يېتەكلەپ، سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىختىساسلىقلارنى يۇرتقا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەشكە رىغبەتلەندۈرىمىز.

**6) شەھەر - بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىمىز**

يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر تۈرتكە بولىمىز. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈرۈمچى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى، شىمالىي شىنجاڭ شەھەر بەلبېغى، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەر توپىنى كۈچەپ بەرپا قىلىمىز، ئۈرۈمچى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىدە بىر سائەتلىك قاتناش تورى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئۈرۈمچى - سانجى رېلىسلىق قاتناش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، رايون - شەھەر ھەمكارلىقى تۈزۈلمە - مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەر تەرەققىياتىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، ھەمتۈرتكىلىكى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمىز. ۋىلايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىش، ناھىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يېزىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بازار قۇرۇش، يېزىنى كوچا باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىمىز. شەھەرلەرنى يېڭىلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، شەھەر - بازارلارنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز، شەھەر ئاممىۋى قاتنىشى، شەھەر مەمۇرىيىتى ئەسلىھەلىرى، يەر ئاستى تۇرۇبا تورى، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىمىز، يېشىل شەھەر، ئەقلىي شەھەر، ئادەمىيەت شەھىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەھەر ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىمىز، نوپۇس تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەھەر - بازارلارنىڭ نوپۇسقا ئېلىش شەرتىنى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىپ، يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا يۆتكەشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى بەختەر، ساغلام، بىرقەدەر يۇقىرى سۈپەتلىك شەھەر تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن قىلىمىز.

شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىمىز. شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر - يېزا مۇھىم ئامىللىرىنىڭ باراۋەر ئالمىشىشى، قوش يۆنىلىشلىك يۆتكىلىشىگە تۈرتكە بولىمىز، شەھەر - يېزا ئۇل ئەسلىھەلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، قۇرۇپ ۋە باشقۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى يېزىلارغا ئۇزارتىش، ئاممىۋى مۇلازىمەتنى يېزىلارغا كېڭەيتىش، بايلىق مۇھىم ئامىللىرىنى يېزىلارغا مايىللاشتۇرۇش، زامانىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق يېزىلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شەھەر بىلەن يېزا بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، ماس تەرەققىي قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان يېڭىچە سانائەت - يېزا ئىگىلىكى، شەھەر - يېزا مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىمىز.

**7) «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرىمىز**

«بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق - مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، كارخانىلارغا چېتىلىدىغان ئىجازەت تۈرلىرىنى تىزىملىك بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويىمىز، ئىسپات تۈرلىرى ۋە كارخانىلارغا چېتىلىدىغان تىجارەت ئىجازىتى تۈرلىرىدە خەۋەرلەندۈرۈش ۋەدە تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىرلا قېتىم يول ماڭدۇرۇش» «ئەڭ تېز بولغاندا بىرلا قېتىم ئېلىپ بېرىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىمىز. «دەرھال بېجىرىش، توردا بېجىرىش، يان تېلېفوندا بېجىرىش، ئاپتوماتىك بېجىرىش، يېقىن ئەتراپتا بېجىرىش»نى يولغا قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەمۇرىيەت مۇلازىمەت تۈرلىرىدە «بىر ئىشنى بىر قېتىمدىلا بېجىرىش»كە تۈرتكە بولۇپ، بازار سۇبيېكتى ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز. تىجارەت - سودا مۇھىتىنى مەخسۇس تۈزەپ، قىلىدىغانىنى قىلماسلىق، قالايمىقان ئىش قىلىش، سۆرەلمىلىك قىلىش مەسىلىلىرىنى قەتئىي تۈزەپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولماسلىق، بازار سۇبيېكتىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈزەيمىز. تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز، ئەۋزەل بايلىق ئارقىلىق مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىمىز، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق مەبلەغ سالغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرىمىز، مۇكەممەل تۈزۈم ئارقىلىق مەبلەغ سالغۇچىلارنى قوغدايمىز.

نۇقتىلىق ساھەلەر ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتىمىز، يادرولۇق رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانا گۇرۇھىنى قۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تىرەكلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز. مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ، تېببىي دورا، ساقلىق ساقلاش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەر ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. ئومۇميۈزلۈك نەپ يەتكۈزىدىغان پۇل مۇئامىلىسى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا، ئوتتۇرا ھال، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ يېشىل تەرەققىياتىغا پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتە مەدەت بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە مەدەت بېرىمىز، پۇل مۇئامىلىسى مۇلازىمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ، يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە بىر قەدەر ئېغىر ئۇچرىغان مېھمانسارايى، يېمەك - ئىچمەك، قونالغۇ، ساياھەت قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرىدىكى ئەمەلىي ئىقتىسادنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىمىز. باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەنىمۇ يېنىكلىتىمىز.

پۇقراۋى ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىمىز. پۇقراۋى ئىگىلىك تەرەققىياتىنى قوللايدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە كارخانىچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغداپ، ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەرنىڭ يېقىن، پاك مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىمىز. قەرزنى مەخسۇس ئېنىقلاش ھەرىكىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مەبلىغىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىمىز. مۇنەۋۋەر پۇقراۋى كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون)لەردە بازار ئىستىقبالى ياخشى، يېتىلىشچانلىقى يۇقىرى، باشلامچىلىق رولى كۈچلۈك پۇقراۋى كارخانىلارنى نۇقتىلىق يۆلەپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادىي كۈچىنى تولۇق ئۇرغۇتۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تايانچلىق رول ئوينىشى، باش رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

**8) ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاسمىنى كۆك، زېمىنى يېشىل، سۇلىرى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز**

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنىڭ ئەڭ قاتتىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىق ئېچىشتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «بىر قوللۇق» تەستىقلاش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقى، مۇھىت سۈپىتى تۆۋەن چېكى ۋە تەبىئىي بايلىقتىن پايدىلىنىش يۇقىرى چېكىنى ساقلايمىز، زېمىن بوشلۇقىنى پىلانلاش ۋە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئاساسىي ئېتىز، شەھەر - بازارلارنى ئېچىش قاتارلىق بوشلۇقنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش پاسىلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي قوغدىلىدىغان يەر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىمىز. سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ قاتتىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى تىزگىنلەش، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى تىزگىنلەش ۋە سۇ فۇنكسىيەلىك رايونى قوبۇل قىلىدىغان بۇلغىمىغا چەك قويۇش «ئۈچ قىزىل سىزىق»نى قاتتىق ساقلايمىز.

مۇھىتنى تۈزەشنى سىجىل كۈچەيتىمىز. بۇلغىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق چوڭقۇر، ياخشى قىلىمىز، ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراق بۇلغىنىشىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، كۆپ خىل بۇلغىمىنى ھەمكارلىشىپ تىزگىنلەش ۋە رايونلار ھەمكارلىشىپ تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىمىز. «ئۈرۈمچى - سانجى - شىخەنزە» «كۈيتۈن - مايتاغ - شىخۇ» قاتارلىق رايونلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، رايونلار بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى چىڭىتىمىز، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ تۈزەشنى كۈچەيتىمىز، قەتئىي ئىرادە بىلەن كەسىپلەرنى يۆتكەش ۋە تەڭشەشكە تۈرتكە بولىمىز، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاتموسفېرا بۇلغىنىش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىمىز. دەريا - كۆللەرنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، تۇرمۇش بۇلغىمىلىرى ۋە ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش، پاكىز سۇ ئىچىش، ئىشەنچلىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ماس كېلىدىغان مۇھىتتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

ئېكولوگىيەنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. دەريا، كۆل باشلىقى تۈزۈمى، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قۇملۇق، چۆل - جەزىرە، تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايونلار قاتارلىق جايلارنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداشنى كۈچەيتىمىز، مۇھىم، زور ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، زېمىننى كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى گىرۋىكىدىكى بوستانلىق رايوننىڭ قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇ بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە مۇھىتنى قوغداشنى ئالغا سىلجىتىمىز، تەبىئىي ئورمان، ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىمىز، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى سىنىقىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز، كۆچەت تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىش سالمىقىنى زورايتىمىز، سۇلۇق يەرلەرنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىمىز، تېرىلغۇدىن ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇش، چارۋا يايلىتىشنى توختىتىپ ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش، تېرىلغۇدىن سۇ بايلىقىغا قايتۇرۇش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى داۋاملىق يولغا قويىمىز، چۆللىشىش ۋە سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەسى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنگەن رايونلاردا توسۇش، دائىرىلەپ يېتىشتۈرۈشتەك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويىمىز، تارىختىن قېپقالغان تاشلاندۇق زاۋۇت - كان يەرلىرىنى تۈزەيمىز.

يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىمىز. دۆلەتنىڭ يېشىل كەسىپ يېتەكچى مۇندەرىجىسىدىكى ئۆلچەمنى قاتتىق ئىجرا قىلىمىز، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىجازىتى تىزىملىكى بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئېنېرگىيە تېجەپ بۇلغىمىنى ئازايتىشتا چەكلىمە كۆرسەتكۈچ بويىچە باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى كۈچەپ تەڭشەپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، مۇھىت ئاسرايدىغان پاكىز ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرىمىز، يېشىل ئىمارەتنى كۆپەيتىپ، ئاددىي، لايىقىدا، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، ئېنېرگىيە تېجەپ، بۇلغىما ئازايتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىمىز.

**9) جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىمىز**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىمىز. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەشۋىق - تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك رايوننى پائال بەرپا قىلىمىز. مىللەتلەر ئۆزئارا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەھەللە مۇھىتى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، مىللەتلەر قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتىدىغان، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان ياخشى مۇھىت يارىتىمىز.

دىنلارنىڭ ئېجىل - ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلارنى قوغداش، قانۇنسىزلارنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەيمىز. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايمىز، دىنىي زاتلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىمىز. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش»نى سىجىل،

(ئاخىرى 8 - بەتتە)